# ھازىرقى زامان

# دىن، مەزھەب ۋە پىكىر ئېقىملىرى ئېنسىكلوپېدىيىسى


رىياسەتچى، پىلانلىغۇچى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: د.مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەلجۇھەنى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. قارلۇقي



ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## مىننەتدارلىق ۋە تونۇشتۇرۇش

ئېنسىكلوپېدىيە ياكى شۇ تۈردىكى ئىشلارنىڭ پەقەت كوللىكتىپ ئەمگەك ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ قىسمىتىمۇ دەل شۇنداق بولدى. يەنى، مۇ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يوقىرى قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا، ئۇلارنىڭ شەك ۋە باتىلنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان روشەن دىندا ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچ بېغىشلاشنى مەقسەت قىلىپ ھەمكارلاشقان، بىر ئارىغا كەلگەن ئىسلامىي پىكىردىكى بىر گۇرۇپ كىشىنىڭ پىكىر ۋە ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن تەشكىل تاپتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا مۇئەييەن بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى تولۇق ئۆزى بىلەن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمەن ئېنسىكلوپېدىيىنى، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ھەسسە قوشقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ چىقارغان ئەزىز بۇرادەرلىرىمگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلاردىن: دوكتور ئىبراھىم ئىبنى ھەمەد ئەلئەقىيد، دوكتور تەۋفىيق ئىبنى ئەھمەد ئەلقەسىير، دوكتور مۇھەممەد سەئد ئەبۇ شەتا، ئۇستاز ھەمدى ئۇبەيدى، ئىتتىپاق (دۇنيا مۇسۇلمانلار ياشلار ئىتتىپاقىنى دېمەكچى - تەرجىمان) نىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ۋە بۇ ئىشنى رويابقا چىقىرىشتا ئۇنداق ياكى مۇنداق ھەسسە قوشقان ھەممەيلەننىڭ ياخشىلىق مىزانلىرىغا جانابى ئاللاھنىڭ ئەجىر يېزىشىنى تىلەيمەن.

شۇنىڭدەك بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنى ئوقۇغان ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى تاپقانلارغا، بولۇپمۇ، بۇ كوللىكتىپ ئەمگەكنى كۆڭۈلدىكىدەك مۇكەممەللىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ياخشىلاشقا تۆھپە قوشۇشنى مەقسىتىدە نەسىھەت قىلغان ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىپ خەت يازغان بارلىق كىشىلەرگە رەھمىتىمىزنى ئىپادىلىشىمىزمۇ بىزنى خۇرسەن قىلىدۇ. ھەقىقەتەن بىزگە نۇرغۇن كىشىلەر خەت يازدى. بىراق بىز بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئىلاۋە ۋە ئىزاھاتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك رولى بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنى زىكىر قىلىش بىلەنلا بولدى قىلىمىز. ئۇلار: شەيخ، دوكتور بەكىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ زەيد، ئۇستاز مۇھەممەد جابىر ئەلىيەمانى، شەيخ، دوكتور ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەبدۇللەتىپ، ئۇستاز ئۆمەر بازىيب، ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇلھەكىم ۋە دوكتور شەرىيف ئەلخەتىيب.. لاردىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالادىن بۇ يولدا سەرپ قىلغان كۈچلىرىنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدىغان كۈندە ئۇلارنىڭ ياخشىلىق مىزانلىرىدا قويىشىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن سەدىقە جارىيە (ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە) قاتارىدا سانىغان مەنپەئەتلىك ئىلىمدىن قىلىشىنى سورايمەن.

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى باش كاتىپى

دوكتور مانىئ ئىبىن ھەمماد ئەلجۇھەنى

www.munber.org